


# ئۆز دائىرىسى ئىچىدىكى ئىشنى ياخشى قىلغانلىق ۋەتەننى سۆيگەنلىك

□ چيۇ يەنرۇڭ

«قەدىمىي شەرقتە بىر ئەجدىھا بار، ئۇنىڭ ئىسمى جۇڭگو، قەدىمىي شەرقتە بىر توپ ئادەم بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەجدىھانىڭ ئەۋلادلىرى...» ھەر قېتىم بۇ ناخشىنى ئېيتقاندا، ھەمىشە غەيرىتىم ئۇرغۇپ تاشىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا بۇ ناخشىنى ئۆگەتكىنىمدە، مەن خۇددى ئۇلارنىڭ تومۇرىدا ئۇرغۇۋاتقان كۈچنى ھېس قىلغاندەك بولىمەن. شۇنداق، باللىرىمىزغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئائىلە، دۆلەت مۇھەببىتى بولۇشنى، كىچىكىدىن باشلاپلا كۈرەش قىلىشنى بىلىشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك. ئۆسمۈرلەر كۈچلۈك بولسا، دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ.

جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، بوران ـ چاپقۇندىن قورقماي جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش. 1949 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 70 يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. 70 يىل جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى شانلىق سەھىپە پۈتتى. بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىرادە تىكلەپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلغاچقا، بۈگۈنكى يۈكسەلگەن جۇڭگونى بارلىققا كەلتۈردى.

«بىز ھەممىمىز تىرىشىپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتىمىز، بىز ھەممىمىز ئارزۇغا ئىنتىلگۈچىلەر.» ھەربىر كىشىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن قۇدرەتلىك زور كۈچ مۇجەسسەملەندى، ھەربىر كىشىنىڭ «كىچىك ئارزۇسى»دىن جۇڭگونىڭ «چوڭ ئارزۇسى» مۇجەسسەملەندى.

نەنكەي داشۆسىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى جاڭ بولىڭنىڭ ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان «سىز جۇڭگولۇقمۇ؟ سىز جۇڭگونى سۆيەمسىز؟ سىز جۇڭگونىڭ قۇدرەت تېپىشىنى خالامسىز؟» دېگەن مەشھۇر «ۋەتەننى سۆيۈش توغرىسىدىكى ئۈچ سوئال»ى ئېسىمگە كەلدى.

«لياڭيۈەن گەرچە ياخشى بولسىمۇ، ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدىغان جاي. بارساقمۇ يەنە قايتىپ كېلىمىز.» بۇ خۇا لوگېڭنىڭ «جۇڭگودىن ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇغان بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئوچۇق خەت»تە يازغان جۈملىسى. 1950 ـ يىلى ئاللىبۇرۇن دۇنيا ماتېماتىكا ساھەسىدە داڭ چىقارغان خۇا لوگېڭ ئامېرىكىدىكى باياشات تۇرمۇشىدىن قەتئىيلىك بىلەن ۋاز كېچىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن، يەنە تېخى ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا بىر پارچە ئوچۇق خەت يېزىپ، كۆپچىلىكنى ۋەتەنگە قايتىپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلغان. ئۇ خېتىدە جۇڭخۇانى سۆيۈش ئوتلۇق ھېسسىياتىغا تولغان قەلبىنى ئىزھار قىلىپ: «دۆلەت، مىللەت ئۈچۈن بىز قايتىپ كېتىشىمىز كېرەك...» دېگەن.

يەنە ئەي چىڭنىڭ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇراجىئەت قىلىپ: «نېمىشقا كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايدۇ؟ چۈنكى مەن بۇ زېمىننى چوڭقۇر سۆيىمەن!» دېگىنى ئېسىمگە كەلدى.

مىللىي قەھرىمانلار، ئالىملار، يازغۇچىلار، زىيالىيلار، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە قابىلىيىتى ئارقىلىق دۆلەتكە تۆھپە قوشۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش ناخشىسىنى پۈتتى. ئاھ ۋەتىنىم، مەن سېنى قانداق ئۇسۇلدا سۆيسەم بولىدۇ؟ مەن ئۆزۈمدىن ئاستاغىنە سورىدىم. مەن شۇنچە ئاددىي ئادەم، باشقىلارنى بېسىپ چۈشكۈدەك تالانتىم يوق، يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك ئىشلارنى قىلالمايمەن، مەن پەقەت بىر ئاددىي ئوقۇتقۇچى.

«ئورنۇم تۆۋەن بولسىمۇ دۆلەتنىڭ غېمىنى يېيىشنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي»، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىكى لۇ يوۋ مۇشۇنداق دېگەن.

«ۋەتەننى سۆيۈشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشنى سۆيۈشتىن ئىبارەت» داڭلىق مائارىپچى شيې جۆزەينىڭ ئەقلىيە سۆزى ماڭا جاۋاب بەردى.

ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىك ۋەتەننى سۆيگەنلىك.

مائارىپتىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراقتا، ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقىنىمغا 20 يىل بولدى. ئۈچ چى كېلىدىغان دەرس مۇنبىرى مېنىڭ كېچىكىم، بىر مو چاسا ئېتىزىم، بىر گۈلزارلىقىم. 20 يىللىق ياشلىق باھارىم ۋە قىزغىنلىقىم، 20 يىللىق ئارزۇيۇم ۋە ئىزدىنىشىمدە ئوتلۇق قەلبىم ئۆزگەرمىدى. بىلىم ئۇرۇقىنىڭ ئىللىق باھار شامىلىدا ئاستا ـ ئاستا بىخ سۈرگەنلىكىنى، يوپۇرماق چىقارغانلىقىنى، يېشىللىققا پۈركەلگەنلىكىنى كۆرگەن چېغىم دەل مېنىڭ ئەڭ پەخىرلەنگەن چېغىم.

بىڭشىن بوۋاينىڭ: «مۇھەببەت سول تەرەپتە، مەسئۇلىيەت ئوڭ تەرەپتە بولىدۇ، ھاياتلىق سەپىرىنىڭ ئىككى يېقىدا ماڭغاندا، ھەر ۋاقىت ئۇرۇق چېچىلىپ، ھەر ۋاقىت گۈل ئېچىلىدۇ. بۇ، ئۇزۇن سەپەرنى گۈل ـ چېچەككە پۈركەپ، خۇش پۇراققا تولدۇرىدۇ، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچى تىكەننى دەسسىسىمۇ، ئاغرىقنى ھېس قىلمايدۇ، كۆز يېشى ئېقىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى بەخت دەپ بىلىدۇ» دېگەن بىر جۈملە سۆزى ئېسىمگە كەلدى.

مۇھەببەت بىلەن ئۈمىد ئۇرۇقى چېچىپ، مەسئۇلىيەت بىلەن ھەربىر يۇمران مايسىنى سۇغىرىش كېرەك. ئۆز دائىرىسى ئىچىدىكى ئىشنى ياخشى قىلغانلىق ۋەتەننى سۆيگەنلىك.

**(ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «غەربىي قىسىم» ژۇرنىلىنىڭ «مەن ۋە ۋەتىنىم» تېمىسىدىكى ماقالە قوبۇل قىلىشقا تاللانغان ماقالە)**

# ماۋ زېمىن: تىز پۈكمەيدىغان «قىزىل ئائىلە باشقۇرغۇچى»

(بېشى 5 ـ بەتتە)

سوۋېت مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە مىنىستىرلىقى ۋە دۆلەت بانكىسى 15 ـ دادۈينى تەشكىللىگەن، ماۋ زېمىن دادۈيجاڭ، قوشۇمچە مۇسادىرە قىلىش ـ توپلاش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالدىن ئەۋەتىلگەن تۈەننىڭ مۇئاۋىن تۈەنجاڭى، باش تەمىنات مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى بولغان. شۇ چاغدا كىشىلەر 15 ـ دادۈينى «ئەپكەش ئۈستىدىكى دۆلەت بانكىسى» دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇزۇن سەپەردە توشۇش، يەرلىك زومىگەرلەرنى يوقىتىش، ئاشلىق توپلاش، پۇل توپلاش، تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق مۈشكۈل ۋەزىپىلەرنى ھەل قىلغان. 1936 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ماۋ زېمىن جۇڭخۇا سوۋېت ئىشچى ـ دېھقانلار دېموكراتىك ھۆكۈمىتى خەلق ئىگىلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولغان.

ماۋ زېمىن ئۇزاق مەزگىل مالىيە چوڭ ھوقۇقىنى تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى پاك ـ دۇرۇس بولۇپ، زەررىچە چاڭ ـ توزاننى ئۆزىگە قوندۇرمىغان، ئۇ دائىم مۇنداق دەيتتى: «بىر يارماقنىمۇ قالايمىقان خەجلەشكە بولمايدۇ، رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشى كېرەك. بىز ئىشچى ـ دېھقانلار ئۈچۈن پۇل باشقۇرىمىز، قىزىل ئارمىيە ئۈچۈن مالىيە باشقۇرىمىز، چوقۇم ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك بولۇشىمىز كېرەك!»

پۈتۈن مەملىكەتتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، 1938 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن، ماۋ زېمىن ئىسمىنى جوۋ بىنغا ئۆزگەرتىپ، چېن تەنچيۇ قاتارلىق يولداشلار بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئىشلىگەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، 1942 ـ يىلى شىنجاڭدىكى مىلىتارىست شېڭ شىسەي شىنجاڭدا كوممۇنىستلارنى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرگەن. 1942 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ماۋ زېمىن ۋە چېن تەنچيۇ قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى ئەكسىيەتچىل مىلىتارىست شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان.

تۈرمىدە، دۈشمەنلەر ماۋ زېمىن قاتارلىقلارغا يۇمشاق ۋە قاتتىق ۋاسىتىلەرنى تەڭ ئىشلىتىپ، ئۇلارنى قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ سوراق قىلغان، ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدا ئاتالمىش «توپىلاڭ كۆتۈرۈش» سۇيىقەستىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلىغان، ئۇنى «كومپارتىيەدىن ئايرىلىش»قا، كومپارتىيەنىڭ تەشكىلاتىنى تاپشۇرۇشقا قىستىغان. ماۋ زېمىن قاتارلىقلار تىز پۈكمەي، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، قەتئىيلىك بىلەن مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «پارتىيەدىن قەتئىي ئايرىلمايمىز، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق غۇرۇرى بار» «مەن كوممۇنىزملىق مەيدانىمدىن ۋاز كەچمەيمەن!» 1943 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ماۋ زېمىن دۈشمەنلەر تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن، شۇ يىلى 47 ياشتا ئىدى.

# دۇ جۇڭيۈەن: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ــ بىز ئەۋلادلارنىڭ مەسئۇلىيىتى

(بېشى 5 ـ بەتتە)

شەرقىي شىمالدىكى باشقا ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بىلەن بىرلىشىپ 100 مىڭ ئاممىنى قوزغاپ، ياپونىيەنىڭ شەرقىي شىمالدىكى لىنجياڭدا قانۇنسىز كونسۇلخانا تەسىس قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ كۈچ كۆرسىتىش نامايىشى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياپون ماللىرىنى بايقۇت قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شەرقىي شىمالنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولغان.

18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، دۇ جۇڭيۈەن بېيپىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ)غا بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شەرقىي شىمالدىكى ئاممىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك تايانچىغا ئايلانغان. ئۇزاق ئۆتمەي شاڭخەيگە بېرىپ، جوۋ ئېنلەي بىلەن تونۇشۇپ، «دۆلەت ماللىرى سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئەمەلىي قارشى تۇرۇش»نى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ دائىم «تۇرمۇش» ھەپتىلىك ژۇرنىلىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش توغرىسىدا ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. 1933 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ ئۇرۇش مەيدانى تەشۋىقات ئەترىتىنى باشلاپ، رېخې ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەربىي قىسىملىرىدىن ھال سوراپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلغان.

1934 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، دۇ جۇڭيۈەن شاڭخەيدە «يېڭى ھايات» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇشنى پائال تەشۋىق قىلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلاندۇرۇش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، «ئۆزىمىزنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بىر مەيدان مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشى» قوزغاشنى تەشەببۇس قىلغان. 1935 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1936 ـ يىلى، شاڭخەي خۇڭچياۋ ساناتورىيەسىدە داۋالىنىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەر جياڭلىك جاڭ شۆلياڭ، ياڭ خۇچېڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى كېڭەشكەن. 1936 ـ يىلى كۈزدە جازا مۇددىتى توشۇپ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، شىئەنگە بېرىپ جاڭ شۆلياڭ، ياڭ خۇچېڭ ئىككى جياڭجۈننىڭ كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان.

پۈتۈن مەملىكەتتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى پائال ئېلىپ بارغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتىنى قىزغىن تەشۋىق قىلغان.

1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، دۇ جۇڭيۈەن تەييۈەندە جوۋ ئېنلەي، پېڭ دېخۇەي، شۈ شياڭچيەن قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشكەن ھەم «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش» گېزىتىدە ماقالە ئېلان قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش تەشەببۇسىنى تونۇشتۇرغان. شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، 1938 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋە 10 ـ ئايدا ئۈچ قېتىم شىنجاڭغا بېرىپ تەكشۈرۈشتە بولغان.

1939 ـ يىلى، دۇ جۇڭيۈەن شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى بولغان. شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ، جەمئىيەت تەكشۈرۈش ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بارغان ھەم دائىم ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىدىغان ماقالىلەرنى يېزىپ، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان.

شىنجاڭنى تېخىمۇ ياخشى قوغداش، قۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ ماۋ دۇن قاتارلىق داڭلىق ئەدىبلەرنى شىنجاڭ شۆيۈەنگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، زور تۈركۈم ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلىگەن ھەم بارلىق ئاماللار بىلەن ئىچكىرى جايلاردىن زور تۈركۈمدە كىتاب ـ ماتېرىيال ۋە ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالغان، يەنە داڭلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەربابلىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشۋىقات پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ قىلغان.

1940 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، دۇ جۇڭيۈەن ئىلغار ئىدىيە تەشۋىق قىلىنغان ماقالىلەرنى ئۈزلۈكسىز ئېلان قىلغاچقا، مىلىتارىست شېڭ شىسەينىڭ ئۆچمەنلىكىگە ئۇچراپ، قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. شېڭ شىسەي «خائىن» قاتارلىق جىنايەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى تۈرلۈك دەھشەتلىك قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ، قاتتىق قىيناپ ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلىغان، بىراق دۇ جۇڭيۈەن تاكى مەخپىي ئۆلتۈرۈلگىچە باشتىن ـ ئاخىر قەتئىي تىز پۈكمىگەن.

# ۋۇ ماۋلىن: سەممىي ـ ساداقەت بىلەن پارتىيەگە قەتئىي ئەگىشىپ مېڭىش

(بېشى 5 ـ بەتتە)

يەنئەن موتو مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش مەزگىلىدە، گەرچە مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، كەمتەرلىك بىلەن تەلىم ئېلىپ، ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىگەن. 1937 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئاۋىياتسىيە تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن.

1938 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ۋۇ ماۋلىن شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى ئاۋىياتسىيە ئەترىتىنىڭ ماشىنىسازلىق بەنگە ئوقۇشقا كىرگەن، ئۇرۇش جەريانىدا كۆپ قېتىم يارىلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىددىي ئۆگىنىش، تۇرمۇش سەۋەبىدىن ھاردۇق يېتىپ ئاغرىقچان بولۇپ قېلىپ، ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. 1940 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇ ئوقۇش ئورنىدىن يۆتكىلىپ، 8 ـ ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىدا داۋالىنىپ دەم ئالغان.

1942 ـ يىلى يازدا، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيەگە ئاشكارا قارشى تۇرغان، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا، ۋۇ ماۋلىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان پارتىيەمىزنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرىنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنغان. كېيىنكى يىلى 4 ـ ئايدا، ۋۇ ماۋلىن شىخابا موڭغۇل ـ قازاق ـ قىرغىز مەكتىپىگە يۆتكىلىپ نەزەربەند قىلىنغان. 1944 ـ يىلى، يەنە چىداۋان «خائىنلار ئائىلە تەۋەلىرى زاۋۇتى»غا يۆتكىلىپ، ئېچىنىشلىق زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئۆپكىسى يىرىڭلاش سەۋەبىدىن كۆكرەك بوشلۇقى سېسىپ، بەدىنىنىڭ تۆۋەن قىسمى پالەچ بولۇپ قالغان.

گەرچە مۇھىت ناچار بولسىمۇ، ۋۇ ماۋلىن يەنىلا قاماپ قويۇلغان باشقا يولداشلار بىلەن بىللە دۈشمەنگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلغان. ئۇ دائىم تۈرمىداشلىرىنىڭ باللىرىغا ئىنقىلابىي ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارغا تاغا ـ ھەدىلىرى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن، يەنە دائىم شىنجاڭدىكى تۈرمىداشلىرىغا ئىنقىلاب داۋللىرىنى سۆزلەپ، يەنئەندىكى كۈرەش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تونۇشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى تۈرمىداشلىرىغا ئىنقىلابىي ئېتىقادنى چىڭىتىش توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن.

ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدە، ئۇ ئەتراپىدىكى تۈرمىداشلىرىغا مۇنداق دېگەن: «كوممۇنىستىك پارتىيە كەمبەغەللەرنىڭ پارتىيەسى، كەمبەغەل خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرىدۇ. يەنئەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، 8 ـ ئارمىيە بىلەن پۇقرالار بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ھەممىمىز پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشىمىز كېرەك».

1944 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، قاتتىق ئازاب چېكىپ، ۋاقتىدا داۋالىنالمىغاچقا، ۋۇ ماۋلىن كېسەل سەۋەبىدىن تۈرمىدە ۋاپات بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە، يۇرتى شيەننىڭدا، ۋۇ ماۋلىننىڭ سەممىي ساداقەت بىلەن پارتىيەگە قەتئىي ئەگىشىپ مېڭىشتەك ئىش ئىزلىرى كەڭ تارقالدى.

70 ياشتىن ئاشقان ۋۇ يەنجۈن موماي ۋۇ ماۋلىننىڭ نەۋرە سىڭلىسى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز نەۋرە ئاكىمىزدىن پەخىرلىنىمىز. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىنى جان ـ دىل بىلەن پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، كوممۇنىزم ئۈچۈن قەتئىي ئىرادە بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز».

# چياۋ گوجېن: يەتتە قېتىم قولغا ئېلىنغان ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتى قەھرىمانى

(بېشى 5 ـ بەتتە)

مىنتۇەنگە بېرىپ ئەسكەرلەر ھەرىكىتى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلار قوراللىق ئەترىتىنى تەشكىللەپ، ۋېيخۇا قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چياۋ گوجېن خېبېيغا بېرىپ، پارتىيەنىڭ مەخپىي خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جىڭشىڭ ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، تاڭشەن شەھەرلىك پارتكومىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1929 ـ يىلى 12 ـ ئايدا 3 ـ قېتىم قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان، تۈرمىدىن قاچقاندىن كېيىن تيەنجىنگە قايتىپ كېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شۇنجى ئۆلكىلىك پارتكوم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. بېيپىڭ، تيەنجىن، خېبېي ئەتراپلىرىدا ئىشچىلارنى تەشكىللەپ كۈرەشنى قانات يايدۇرغان.

1938 ـ يىلى چياۋ گوجېن يەنئەنگە بارغان. كېيىنكى يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ داۋالانغان. 1941 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى 8 ـ ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدا خىزمەت قىلغان. 1943 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ، شىنجاڭ 1 ـ تۈرمىسىگە قامالغان.

چياۋ گوجېن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەتتە قېتىم قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىپ، دۈشمەننىڭ دەھشەتلىك قىيىن ـ قىستاققا ئېلىشى، قىينىشىغا ئۇچراپ، ئېغىر ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسىمۇ، يەنىلا تىز پۈكمىگەن، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمىغان. ئۇ تۈرمىدە يەنىلا پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۇنتۇماي، ئامال قىلىپ تۈرمىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان تۈرمىدىكى كېسەل داۋالاش ئۆيىنى پۈتۈن تۈرمىدىكى سەپداشلىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئالاقە پونكىتىغا ئايلاندۇرغان ھەم ئۆزىنىڭ ھەر قېتىمقى تۈرمىگە كىرىپ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش مول تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان ئون نەچچە مىڭ خەتلىك تۈرمىدىكى كۈرەشكە دائىر پىكىر ماقالىسىنى تۈرمىدە مەخپىي ھالدا قولدىن قولغا تارقىتىپ، تۈرمىداشلار، بولۇپمۇ ياش يولداشلارغا ئۆزىنىڭ تۈرمىدىكى مەخپىي كۈرەش ۋە ئاشكارا كۈرەش تەجرىبىلىرىنى ئۆگەتكەن. ئۇ دائىم تۈرمىداشلارغا مۇنداق دەيتتى: «ۋاقىت قىممەتلىك، پەقەت ھاياتلا بولىدىكەنمىز، ئۆگىنىشىمىز، كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.» تۈرمىنىڭ ناچار شارائىتى ئۇنىڭ ئۆپكە كېسىلىنى بارغانسېرى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن، تۈرمىداشلىرى ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا قۇۋۋەتلىك يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ ئوزۇقلۇق تولۇقلىغان، ئۇ دائىم تۈرمىداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەڭ ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئۇ تۈرمە پارتىيە تەشكىلاتىغا يازغان ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دەپ يازغان: «مەن كېسەل ئىچىدە چوڭقۇر ئويلىنىۋاتىمەن، پۈتۈن ھاياتىمدا گەرچە پارتىيە ۋە خەلققە يۈز كېلەلىگەن بولسامۇ، لېكىن كۆپ قىسىم ۋاقتىم ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تۈرمىسىدە خوراپ، پارتىيە ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ خىزمەت قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىمدىن چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىمەن. تۈرمىدىكى بارلىق يولداشلارنىڭ چوقۇم بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ، كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چياۋ گوجېن دۈشمەننىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى ۋە ئۆپكە كېسىلىنىڭ قىينىشى بىلەن ۋاپات بولغان، شۇ يىلى 38 ياشتا ئىدى.

2010 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، چياۋ گوجېن خاتىرە سارىيى شەنشىنىڭ جياشيەن ناھىيەسىدە قۇرۇلدى، ئۇ جياشيەن ناھىيەسىدىكى «پۈتۈن ناھىيەنىڭ پارتىيە تارىخى تەربىيەسى بازىسى» «پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسى بازىسى» ۋە «ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى.» 2013 ـ يىلى بۇ خاتىرە سارىيىغا «يۈلىن شەھىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى» دەپ نام بېرىلدى.